2007 ـ يىل 30 ئۆكتەبىر
سەيشەنبە
118 ـ سان (ئومۇمىي 2324 ـ سان)
تور ئادرېسىمىز: www.xjgrsb.com
E-mail: wbb@xjgrsb.com

# ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى

工人时报
(维吾尔文)

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 0042 / W - «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلىدى ( ۋاكالەت نومۇرى 20 ـ 57)
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: تەلئەت ئەخەت

ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

## پارتىيە 17 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا يىغىن ئاچتى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پارتىيە 17 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا يىغىن ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لى جىمىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئورگىنىدىكى خادىملار، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى باش شۇجى خۇ جىنتاۋنىڭ پارتىيىنىڭ 17 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى.

يىغىندا لى جىمىن ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 17 ـ قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىشى توغرىسىدا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى 17 ـ قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇندىن كېيىنكى مەزگىلدە بىرىنچى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىشى، قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل تەشكىللىشى، قۇرۇلتاي روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ھەقىقىي يولغا قويغىلى بولىدىغان ئۆگىنىش پىلانىنى بېكىتىپ، ئۆگىنىشنىڭ پۇختا قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى؛ مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پارتىيىلىك كادىرلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆگىنىشىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇشى؛ كۆپ خىل شەكىلدىكى ئۆگىنىش ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈشى؛ تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، قويۇق ئۆگىنىش كەيپىياتى يارىتىشى كېرەك.

لى جىمىن تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي تېمىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، قۇرۇلتاينىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىنى ھەقىقىي ئۆزلەشتۈرۈش؛ ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ نىشانىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇش؛ ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ئارقىلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي مەنپەئىتىنى ھەل قىلىشقا زور كۈچ سەرپ قىلىش، پارتىيىنىڭ جان ـ دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشتىن ئىبارەت يېتەكچى فاڭجېنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. لى جىمىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئۈچنى بىرلەشتۈرۈشنى كونكرېت ياخشى ئىشلەش، يەنى نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كادىرلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيە ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش؛ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتى ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش؛ ئىستىلنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيىلىك كادىرلار ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ياخشى روھىي ھالەت ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان خىزمەت ئىستىلى بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى گەۋدىلىك يۈرگۈزۈشى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ تۈرلۈك فۇنكسىيىلىرىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈشى، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

**پارتىيىنىڭ 17 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى ۋە ئىزچىللاشتۇرايلى!**



*سۈرەتتە: پارتىيە 17 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مارالبېشى ناھىيىسى چوڭقۇرچاق يېزىسى تۇگمەنبېشى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى داۋۇت ھاشىم 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە ئېچىلغان بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ 17 ـ قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش كۇرسىدا كۇرسانتلارغا قۇرۇلتايدىن ئالغان تەسىراتىنى سۆزلەپ بەرمەكتە. داۋۇت ھاشىم 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يۇرتداشلىرى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا ئۆزىنىڭ قۇرۇلتايدىن ئالغان تەسىراتى ۋە قۇرۇلتاي روھىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى قۇرۇلتاي روھىدىن خەۋەردار قىلدى.*

*تەكلىپلىك مۇخبىرىمىز ئەنۋەر خىزمەت فوتوسى*

شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ گورۇھى

## 17 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىنىڭ روھىنى خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگەندى

ئۆز مۇخبىرىمىز **تۇرسۇنتاي قۇتلۇق**، پراكتىكانت **تاھىرجان ھامۇت** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ گورۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۆز سىستېمىسىدىكىلەرنى تەشكىللەپ، 17 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىنىڭ روھىنى ئۆگەندى.

شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ گورۇھى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، شىركەت لىدىرى لىيۇ خۇيجۇن مۇنداق دېدى: بىز 17 ـ قۇرۇلتاي روھىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چوقۇم ياخشى باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى يارىتىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى شەكلى، يېڭى تەلىپىگە ماسلىشىپ، ئاشلىق ـ ياغ تارماقلىرىنىڭ بىرىكمە كۈچىنى ھاسىل قىلىپ، ئاشلىق ـ ياغ ئوبوروتى مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇشىمىز، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگەن ھالدا ئىستېمالچىلار ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىپ، خىزمەتلەرنى پۈتكۈل جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇش نۇقتىسىدىن ياخشى ئىشلىشىمىز؛ تەرەققىيات ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش داۋامىدا باشلامچى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ گورۇھى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇدىرىيەت ئەزاسى بەدەل ئىمام مۇنداق دېدى: يولداش خۇ جىنتاۋنىڭ دوكلاتىدا پارتىيىمىزنىڭ ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان ماركسىزملىق پارتىيە ئىكەنلىكى باشتىن ـ ئاخىر گەۋدىلەندۈرۈلگەن. يولداش خۇ جىنتاۋ دوكلاتىدا زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنى مۇھىم ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى قوللايدىغان، دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان سىياسەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، دۆلەتنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئاشلىق ـ ياغ ئىشلىرى خىزمىتىدە قۇرۇلتاي روھىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئاشلىق ـ ياغ ئىشلىرى توغرىسىدىكى فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرىمىز ھەم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ـ ياغ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەسسىلەپ تۆھپە قوشىمىز.

دەرجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى 17 ـ قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگى-نىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھا-زىر ۋە بۇندىن كېيىنكى مەز-گىلدە بىرىنچى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىشى، قۇرۇلتاي روھى-نى ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل تەشكىللىشى، قۇرۇلتاي روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەستايىدىل

ئۆيۈشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي مەنپە-ئەتىنى ھەل قىلىشقا زور كۈچ سەرپ قىلىش، پارتىيىنىڭ جان ـ دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشتىن ئىبارەت بېتەكچى قائىدىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. لى

مەكتە. داۋۇت ھاشىم 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يۇرتداشلىرى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى-غا ئۆزىنىڭ قۇرۇلتايدىن ئالغان تەسراتى ۋە قۇرۇلتاي روھىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى قۇرۇلتاي روھىدىن خەۋەردار قىلدى.

تەكلىپلىك مۇخبىرىمىز ئىنۋەر خىزمەت فوتوسى



قەلبى، دۆلىتىمىزنىڭ ئاشلىق ـ ياغ ئىشلىرى توغرىسىدىكى فاڭ-جېن ـ سىياسەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرىمىز ھەم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ـ ياغ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەسسىلەپ تۆھپە قوشىمىز.



غەربىي جەنۇب تارىم شىركىتى خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى «ئۈچ ئاساسنى پۇختىلاپ، ئۈچ خىلاپقا قارشى تۇرۇش، قاتتىق ئۆلچەمگە يېتىش، يوشۇرۇن ئاپەتنى يوقىتىش» ئاساسىي تېمىسىدىكى «بىخەتەرلىك، مۇھىت ئاسراش ئاساسىي يىلى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلماقتا.

سۈرەتتە: رەھبەرلەر ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرمەكتە.

تەكلىپلىك مۇخبىرىمىز ئابلەت ئىمىشەمسىدىن فوتوسى

ئىخچام خەۋەرلەر

قەشقەر شەھىرى ———

## «دۆلەت يېمەكلىك بىخەتەرلىكىدىكى ئۈلگىلىك ناھىيە (شەھەر)» قاتارىغا كىردى

قەشقەر شەھىرى يېقىندا ئېلان قىلىنغان «دۆلەت يېمەكلىك بىخەتەرلىكىدىكى ئۈلگىلىك ناھىيە (شەھەر)» قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

ئىگىلىنىشچە، قەشقەر شەھىرى «دۆلەت يېمەكلىك بىخەتەرلىكىدىكى ئۈلگىلىك ناھىيە (شەھەر)» قاتارىغا كىرگەندىن كېيىن، دۆلەت يېمەكلىك، دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى قەشقەر شەھىرىگە بەلگىلىك راسخوت بېرىپ قوللىغاندىن باشقا، قەشقەر شەھىرىمۇ 100 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى مەسئۇلىيەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدىكەن.

ئېزىزجان توختىساجى

ئونسۇ ناھىيىسى ———

## كارخانىدىن پېنسىيىگە چىققان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى تەڭشىدى

يېقىندا، ئونسۇ ناھىيىسى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، كارخانىدىن پېنسىيىگە چىققان 2910 ئىشچى ـ خىزمەتچىگە ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى تەڭشەش كەسپىنى بىجىرىپ بېرىپ، ئېيىغا 330 مىڭ يۈەن، كىشى بېشىغا 112.8 يۈەن كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى كۆپەيتىپ بەردى.

ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ بۇ قېتىمقى كارخانىدىن پېنسىيىگە چىققان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى تەڭشەش خىزمىتى خىزمەت قىلغان ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزاق، يېشى بىر قەدەر چوڭ، ئۇزاق مۇددەت 1 ـ سەپتە خىزمەت قىلغان پېنسىيىگە چىققان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە قارىتىلغان.

تۇنىياز تۇرەك، مۇتەللىپ ئابدۇراخمان

ئاقسۇ شەھىرى ———

## مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى

يېقىندىن بۇيان، ئاقسۇ شەھىرى بۇلغىنىشنى چەكلەشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىككى يىل ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك ئۈلگىلىك شەھەر بەرپا قىلىش بويىچە شەھەرنىڭ مۇھىت ئاسراش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتى، 83 كارخانا بىلەن 2007 ـ يىللىق مۇھىت ئاسراش ـ بۇلغىنىش چىقىرىش مىقدارىنى تىزگىنلەش مەسئۇلىيەتنامىسىنى ئىمزالاپ، كارخانىلارنىڭ بۇلغانمىلارنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچىنى 100% كە يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى.

تۇرسۇن ئېلى، گۈلنسا ئوسمان

ئىخچام خەۋەرلەر







مۇھەررىرى: ئابدۇخالىق ئابلىمىت ● بەتچىسى: مەريەم مەخمۇت ● كوررېكتورى: ماھنۇر ئابابەكرى، مۇنىرە مۆمىن

# «خەلق يولدا قالمىسۇن»

ئۆز مۇخبىرىمىز ● چەنگۈل ئابدۇللا ● گۆھەرنىسا نىھن

8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدا، ناھىيە بىلەن يېزىلارنى، يېزا - كەنتلەرنى تۇتاشتۇرغان ئاسفالت يوللار بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ھازىر، توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ خېلى چەت يېزىلىرىغىمۇ كوچا ئاپتوبۇسى قاتناپ، خەلقنىڭ يول يۈرۈشى ھەقىقەتەن قولايلىشىپتۇ. ئۆمۈرۋايەت شۇ چەت يېزا - قىشلاقلاردىن چىقالماي ئۆتۈپ كېتىدىغان دېھقانلىرىمىز ھازىر ئىشىكى ئالدىدىلا غۇيۇلداپ ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئاپتوبۇسلارغا ئولتۇرۇپ ناھىيە بازارلىرىنى كۆرۈپ كېلەلەيدىغان، ھەتتا نۇرغۇنلىرى ئاسفالت يوللارنىڭ ياردىمى بىلەن ھالال تەرى، ئەقىل - پاراستى بەدىلىگە ياراتقان ئەمگەك مېۋىلىرىنىڭ مېغىزىنى چاقالايدىغان بوپتۇ.

شۇنداق، يول راۋان بولسا ئىش ئاسانلىشىدۇ. شۇڭا، بىز يول ياساشنى ئەلگە نەپ يەتكۈزىدىغان ساۋابلىق ئىش دەيمىز. بولۇپمۇ، ناھىيە، يېزا - كەنت يوللىرىنى ياساش، راۋانلاشتۇرۇش خەلققە تېخىمۇ كۆپ نەپ يەتكۈزىدۇ. دېمەك، بۇ يوللار ھەقىقەتەن خەلق ئۈچۈن ياسالغان «بېيىش يولى» دۇر.

بىز توققۇزتارا ناھىيىسىدىن بىر قەدەر يىراق بولغان تېكئېرىق يېزىسىدا زىيارەتتە بولدۇق. بۇ يېزىنىڭ ھەر قايسى كەنتلىرىنىڭ ئارىلىقىمۇ خېلى يىراق ئىكەن. لېكىن قاتناشتا قىينالمىدۇق. يوللارمۇ ناھايىتى تۈز، راۋان ئىكەن. شۇنىڭغا قاراپ، توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ يول قۇرۇلۇشىدا ھەقىقەتەن كۆپ ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ھېس قىلدۇق.



سۈرەتتە: ئابدۇۋەلى ئىسلام (ئوڭدا 1 -) قۇرۇلۇش مەيدانىدا خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلماقتا.

يۇقىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى نەتىجىسىدە توققۇزتارا ناھىيىلىك قاتناش ئىدارىسى تۈرلۈك قاتناش ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى ئۈگۈشلۈق ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ يىل توققۇزتارا ناھىيىلىك قاتناش ئىدارىسى دۆلەتنىڭ يېزا - كەنت يوللىرى قۇرۇلۇشىغا كۆپلەپ مەبلەغ سېلىش سىياسىتىنى ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يول قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنى تېزلەتكەن، يېزا - كەنتلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان ئاسفالت يولدىن 42 كىلومېتىرنى ياسىغان، راۋان بولمىغان يوللاردىن 137.3 كىلومېتىر يولنى راۋانلاشتۇرغان. ناھىيە بىلەن يېزا ئارىلىقىدىكى ئاساسلىق يوللارنى ياساش قۇرۇلۇشى ئاساسەن تاماملانغان. راۋان يوللار توققۇزتارا ناھىيىلىك قاتناش ئىدارىسىنىڭ ناھىيە، يېزا - كەنت يوللىرى قۇرۇلۇشىدا ھەقىقەتەن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.


ھازىر توققۇزتارا ناھىيىسىدىكى 51 كەنتنىڭ يوللىرىنىڭ ئاسفالتلىنىش نىسبىتى 95% كە يەتكەن، بۇ يىل مۇشۇ تۈرگىلا 18 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بۇ يىلقى 137 كىلومېتىر يول ياساش پىلانىنىڭ 70 كىلومېتىرى ئورۇندىلىپ بولغان.

توققۇزتارا ناھىيىسىدە 2002 - يىلدىن باشلاپ كوچا ئاپتوبۇسى قاتناشقا باشلىغان، ھازىر كوچا ئاپتوبۇسىدىن 17 سى بار ئىكەن. ئالتە لىنىيە بويىچە قاتنايدىغان بۇ كوچا ئاپتوبۇسلىرى ھازىر دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ «ئالتۇن مەپە» سىگە ئايلانغان. دەرۋەقە، بىز مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدا، يەنە ناھىيە، يېزا - كەنت يوللىرىدا ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇرغان كوچا ئاپتوبۇسلىرىنى، قوللىرىغا چوڭ - كىچىك سومكا، خالتىلارنى كۆتۈرۈشۈپ ئاپتوبۇس ساقلىشىپ تۇرغان كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق دېھقان، چارۋىچىلارنى ئۇچرىتىپ تۇردۇق.

شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ھازىر توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ يولۇچى توشۇش ئىشلىرىمۇ تېز راۋاجلىنىۋېتىپتۇ. ئالدىنقى يېرىم يىلدا ناھىيىنىڭ يولۇچى توشۇش مىقدارى ئۆتكەن يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 15% ئېشىپتۇ.

توققۇزتارا ناھىيىلىك قاتناش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇۋەلى ئىسلام مۇنداق دېدى: يىللاردىن بۇيان، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى نەتىجىسىدە خىزمەتلىرىمىز ئۈگۈشلۈق ھەم تېز ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. بىز يېزا - كەنت يوللىرىنى ئايلانما قىلىپ ياساشنى ئىشقا ئاشۇرماقچىمىز. بۇنداق بولغاندا، ئىلگىرىكىدەك ئارتۇق يول ماڭىدىغان ئەھۋالغا خاتىمە بېرىلىپ، نۇرغۇن ۋاقىت، كۈچ تېجىلىدۇ. بۇ يوللارغا كوچا ئاپتوبۇسلىرى سېلىنسا، خەلقىمۇ نۇرغۇن قولايلىقلار يارىتىلىدۇ. بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە بىز يەنە ئۈچ يېزىنى تۇتاشتۇرىدىغان يول ياسايمىز. بۇ يوللارغىمۇ كوچا ئاپتوبۇسى سالماقچىمىز. خەلق يولدا قالمىسۇن، ئىشىك ئالدىغا چىقسىلا كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرالايدىغان بولسۇن.

ئابدۇۋەلى ئىسلامنى زىيارەت قىلغان كۈنىنىڭ ئەتىسى بىز ئاساسەن ياسىلىپ پۈتكەن بىر يول بۆلىكىگە ئاسفالت ياتقۇزۇلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، شۇ ئورۇنغا باردۇق. گەرچە دەم ئېلىش كۈنى بولسىمۇ، ئىشچىلار زەربىدارلىق بىلەن ئىشلەۋاتاتتى. ئابدۇۋەلى ئىسلام ئىش ئورنىدا يېتەكچىلىك قىلىۋېتىپتۇ. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ قاتناش ئىشلىرىنىڭ گۈزەل ئەتىسىنى كۆرگەندەك بولدۇق.



پوسكام ناھىيىسى ئاقتام يېزىسى توزاقچى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى قولتۇقئېرىق ئوقۇتۇش نۇقتىسىنىڭ تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىسى ماخمۇت ئەمەت 37 يىلدىن بۇيان پۈتۈن كۈچىنى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە بېغىشلاپ، بېجانىدىل ئىشلەپ كەلدى. شۇڭا، ئۇ ھازىرغىچە مەكتەپ، يېزا، ناھىيە ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرى تەرىپىدىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 31 قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى»، «ئۈلگىلىك سىنىپ مۇدىرى»، «مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىمى»، «ئۈلگىلىك تەربىيىچى»، «تۆھپىكار باغۋەن»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالىنىپ كەلدى.

تۇرسۇن راخمان فوتوسى

# ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققى كاپالەت فوندى رولىنى جارى قىلدۇردى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ئەھەت مۇھەممەت، ياسىنجان ئەھەت خەۋەر قىلىدۇ: شايار ناھىيىسى يېقىنقى



ھەققى كاپالەت فوندى بۆلۈمىگە ئالدىن تاپشۇرۇپ، ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققى كاپالەت فوندى قىلىپ



# قىسمىدىن چېكىنگەن ئامېرىكىلىق ئەسكەرلەر ـ لادىننى تۇتىدىغان يەككە تىجارەتچىلەر

ئافغانىستاندا لادىننى تۇتىد-
غانلار ئارىسىدا، «مۇكاپات ئوۋچىلىرى» نامىد-
كى بىر يەككە تىجارەتچى توشقۇن بار. ئۇلار قىسمىدىن
چېكىنگەن ئامېرىكىلىق ئەسكەرلەر، خۇسۇسىي ئامانلىق
خادىملىرى قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ،
ئىدما بۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى.



قىسمىدىن چېكىنگەن ئامېرىكىلىق ئەسكەر ئىدما

ئىدما ئامېرىكا «يېشىل
بېللى شەپكە» قىسمىنىڭ
ئالاھىدە ئەسكىرى. 2001 -
يىلى ئافغانىستان ئۇرۇشى
پارتلىغاندىن كېيىن، ئاللىبۇ-
رۇن قىسمىدىن چېكىنىپ
بولغان ئىدما ھىندىستان ئار-
قىلىق ئافغانىستاننىڭ شىمالىي
رايونىغا ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ،
شىمالىي ئىتتىپاق بىلەن بىر-
لىكتە تالىبان ۋە «بازا» تەش-
كىلاتىغا ھۇجۇم قىلغان، ئار-
قىدىن شۇ ماڭغانچە كابۇلغا،
ئەڭ ئاخىرىدا جەنۇبتىكى
قەندىھارغا بارغان.

### ئاخبارات ۋاستىلىرىگە «كۆچلۈك ماتېرىيال» لارنى ئاشكارىلاشقا ھېرىسمەن بولۇش

ئىدما مۇنداق دەيدۇ:
«ئافغانىستاندا، لادىننى تۇ-
تۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە
مۇنداق ئۈچ خىل ئادەملەر
بار. ئۇلار ئالاھىدە ئەسكەر-
لەر، جاسۇسلار ۋە ‹مۇكاپات
ئوۋچىلىرى›. 600 دىن ئار-
تۇق ئالاھىدە ئەسكەرنىڭ
ھەر ئالتىسى بىر گۇرۇپپا بو-
لۇپ تەشكىللەنگەن، بەش
بۇرجەكلىك بىنا ئۇلارنىڭ

خىزمىتى لادىننى تۇتۇش.
ئىدما مەمنۇنىيەت بىلەن
مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۇۋ ئىت-
لىرىغا ئوخشاش لادىننى
ھىدلىيالايمىز. بىزنى لادىننى
تۇتۇش ھەرىكىتىدىكى يەك-
كە تىجارەتچىلەر دەپ ئويلاپ
قالماڭ، ئەمما بىز ئالاھىدە
قىسىم ۋە مەركىزىي ئاخبارات
ئىدارىسىنىڭ جاسۇسلىرىدىن-
مۇ ئوبدان ئىشلەيمىز. ئالتە
يىلدىن بېرى، بىز كەم دې-
گەندىمۇ بەش قېتىم لادىننى
تۇتۇۋالغىلى تاس قالدۇق.
ئەڭ يېقىندىكى بىر قېتىملىقى
بۇ يىل 5 - ئاي بولۇپ، بىز
«بازا» تەشكىلاتىنىڭ يۇقىرى
قاتلىمىدىكىلەر دائىم يىغىنىڭ
قۇرۇلىنىپ، خوتۇن - بالى-
لىرىنى كۆرۈشكە تاغدىن
چۈشىدىكەن، دېگەن ئاخ-
باراتنى قولغا چۈشۈردۇق.
بۇنى ھەتتا ئالاھىدە قىسىم
ۋە مەركىزىي ئاخبارات ئىدا-
رىسىمۇ بىلمەيتتى. شۇ كې-
نى، بىز تولۇق قوراللانغان
15 ئادەمنىڭ كەنتنىڭ ئار-
قىسىدىكى چىغىر يول ئارقى-
لىق تاغدىن چۈشۈۋاتقانلىقى-

ئاخبارات بارلىقىنى، جۈملى-
دىن، «بازا» تەشكىلاتىنىڭ
ئىچكى قىسمىدىكىلەرنىڭ ما-
نېۋىر مەشىقى قىلغان چاغ-
دىكى سىن ئالغۇ لېنتىسى قا-
تارلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئاش-
كارىلىدى. ئامېرىكا كولۇمبىيە
رادىئو شىركىتى ئىدما تەمىن-
لىگەن بۇ ئاخباراتنى تارقات-
قان، بۇنىڭدا «بازا» تەش-
كىلاتىدىكىلەرنىڭ بىر مەك-
تەپكە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم
قىلغانلىقى، بالىلارنى ئېتىپ
ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە تۇتقۇن
قىلغانلىقىغا ئائىت كۆرۈنۈش-
لەر بار.
بۇ «كۆچلۈك ماتېرى-
يال» لار ئىدمانى نۇرغۇن
پۇلغا ئېرىشتۈرگەن. ئەمما، ئۇ
بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى
ئافغانىستاندىكى ئامراللارغا
ئىئانە قىلىۋەتكەن.

### «ئۇرۇش تۆھپىسى» نى خۇشاللىق بىلەن بايان قىلىش

ئىدما تۇرۇشلۇق ئافغانىس-

كە ھېرىسمەن. ئۇنىڭ دېيى-
شىچە، ئۇلار تالىبان ۋە
«بازا» تەشكىلاتىنىڭ ئافغا-
نىستاننىڭ مائارىپ مىنىستىرى
ۋە خەۋپسىزلىك مىنىستىرىنى
قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇن-
غانلىقىنى بايقىغان؛ «تالىبان-
نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئە-
مەلدارى» دېيىن بىرنى قولغا
ئالغان ھەم ئۇنى ئافغانىستاندا
تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ئارمىيى-
سىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن؛
«بازا» تەشكىلاتى، تالىبان
ۋە مىلتارىست ھېكمەتيارلار-
نىڭ بىرلىشىپ ئافغانىستان
دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىنى
قەستلەپ ئۆلتۈرۈش سۇيى-
قەستىنى، شۇنداقلا تېررور-
چىلارنىڭ ماي باكى ئاپتومو-
بىلىدىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكا
ئارمىيىسى ۋە ئس ئا ئە ت نىڭ
ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق باش
شتابىغا ھۇجۇم قىلماقچى بو-
لۇۋاتقانلىقىدەك سۇيىقەستىنى
بىتچىت قىلغان.

مان ۋە بىر تازىلىق ئىشچى-
سىنى قولغا ئالغان ھەم
«مەخپىي سوراقخانا قۇرۇش،
ئۆز ئالدىغا كەلسە - كەلمەس
جازالاش، ئافغانىستانلىق
پۇقرالارنى خالىغانچە تۇتقۇن
قىلىش» قاتارلىق جىنايەت
ناملىرى بىلەن ئۇنىڭ ئۈس-
تىدىن شىكايەت قىلغان.
سوتتا گۇۋاھچىلار ئىد-
مانىڭ تۈرلۈك ئوسال قىل-
مىشلىرىنى ئەيىبلىگەن: شۇ
جايدىكى بىر دىنىي داھىي
ئىدمانىڭ لادىن ۋە تالىبان
ئەزالىرىنىڭ تۇرار جايىنى
مەجبۇرىي دېگۈزۈش ئۈ-
چۈن، ئۇنى ئۆز ئالدىغا تۇر-

مىگە ئالغانلىقىنى
ئېيتقان؛ بىر
تاكسى شوپۇرى
ئۆزىنىڭ شىمالىي
رايوندا ماشىنا
ھەيدەپ كېتىۋات-
قاندا مەجبۇرىي تۇتقۇن قىلى-
نىپ، كابۇلغا ئېلىپ بېرىلغان-
لىقىنى، ئاندىن سۇ تۈرمىسى-
گە قامالغانلىقىنى ئېيتقان؛ بىر
ياپىمكەش ئۇنىڭ ئۈستىدىن
شىكايەت قىلىپ مۇنداق دې-
گەن: «قاتتىق دۇمبالاشلارغا
چىدىماي، ئامالسىز ئاغزىمغا
كەلگىنىچە بىلجىرلاپ، مائارىپ
مىنىستىرلىكىدىكى بىر ئە-
مەلدارنى تېررورچى دېدىم.»
2005 - يىل 5 - ئاي-
نىڭ 3 - كۈنى، ئافغانىس-
تاندا تۇرۇشلۇق بىرلەشمە
ئارمىيە ئىدمانىڭ قولىدىن تا-
لىبان دېيىلگەن بىر ئەرنى
ئۆتكۈزۈۋالغان، ئەمما تەكشۈ-
رۈش نەتىجىسىدە بۇ ئەرنىڭ
تالىبان بىلەن مۇناسىۋىتى
يوقلۇقى ئېنىقلىنىپ، ئۇنى
ئەتىسى قويۇپ بەرگەن. بۇ
ئىشتىن كېيىن، ئامېرىكا ئار-
مىيىسى مەركىزىي باش شتا-
بى ئىدمانى تەكشۈرۈشكە
باشلىغان ھەم 7 - ئاينىڭ 4 -
كۈنى مۇنداق بىر مەخسۇس
ئۇقتۇرۇش تارقاتقان: ئامېرى-

كا پۇقراسى ئىدما ئۆزىنى ئا-
مېرىكا ھۆكۈمىتى ياكى ئار-
مىيە تەرەپكە ۋەكىللىك
قىلالايمەن، دەۋالغان. ئەمما
ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئامېرىكا ھۆ-
كۈمىتىگە ۋەكىللىك قىلال-
مايدۇ، ئارمىيە تەرەپمۇ ئۇنى
تەكلىپ قىلمىغان.
سوتتا، ئىدما ئۆزىنى
ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ئاق-
لىغان، سوتچىدىن ئۆزىنىڭ
ئافغانىستانلىق بىر نەچچە مى-
نىستىر، گېنېرال ۋە باشقا
مۇھىم ئەربابلارغا تېلېفون
قىلىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىش-
نى تەلەپ قىلغان. ئۇ بۇ كى-
شىلەرنى سوتتا گۇۋاھچى
قىلماقچى بولغان. ئاخىرىدا،
بۇ دېلو بىر ياققا قايرىپ قو-
يۇلغان، ئىدما ئۈچ ھەپتىگە
قالماي تۈرمىدىن چىققان. ئۇ
ئافغانىستاندىن بىر مەزگىل
ئايرىلىپ تۇرغاندىن كېيىن،
قايتىدىن ئافغانىستان تاغلىق
رايونىغا كېلىپ، لادىننى تۇ-
تۇشنى داۋاملاشتۇرغان.



ئافغانىستاندا لادىننى تۇتىدىغان قىسىملار ئىچىدە مۇنتىزىم ئارمىيىدىن سىرت، يەنە نۇرغۇن «مۇكاپات ئوۋچىلىرى» مۇ بار

ئاخبارات تۈزلىمىسى

# «مۇكاپات ئوۋچىلىرى» نىڭ ئارىسىدا ھەر خىل ئادەملەر بار

ئامېرىكا لادىننى تۇتۇپ بەرگۈچىلەرگە
بېرىدىغان مۇكاپات سوممىسىنى 50 مىليون

بويىچە بولغاندا، لادىننى مەڭگۈ تۇتقىلى بول-
مايدۇ، پەقەت ‹مۇكاپات ئوۋچىسى› نىڭلا

مەجبۇرىي دېگۈزۈش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆز ئالدىغا تۇر-

كۈنى مۇنداق بىر مەخسۇس ئۇقتۇرۇش تارقاتقان: ئامېر-

رايونىغا كېلىپ، لادىننى تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرغان.

«ئافغانىستاندا، لادىننى تۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە مۇنداق ئۈچ خىل ئادەملەر بار. ئۇلار ئالاھىدە ئەسكەرلەر، جاسۇسلار ۋە ‹مۇكاپات ئوۋچىلىرى›. 600 دىن ئارتۇق ئالاھىدە ئەسكەرنىڭ ھەر ئالتىسى بىر گۇرۇپپا بولۇپ تەشكىللەنگەن، بەش بۇرجەكلىك بىنا ئۇلارنىڭ ساقال قويۇشىنى، ئەرەبلەردەك ياسىنىشىنى، ئافغانلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇزۇن يەكتەكنى كىيىشىنى، نومۇرسىز دالا ئاپتوموبىلى ھەيدىشىنى ئالاھىدە تەستىقلىغان؛ مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ 150 جاسۇسى بار ‹ئالاھىدە ھەرىكەت باشقارمىسى›، قىسمىدىن چېكىنگەن ئالاھىدە قىسىم ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى، ئوۋچى ۋە تۈرلۈك مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىللەنگەن، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا يەرلىكلەردەك ياسىنىۋالىدۇ؛ يەنە بەزىلىرى مەندەك ‹مۇكاپات ئوۋچىلىرى› بولۇپ، تەخمىنەن نەچچە يۈزگە يېتىدۇ.»

ئىدمانىڭ ئەڭ مۇھىم

لىرنى كۆرۈشكە تاغدىن چۈشىدىكەن، دېگەن ئاخباراتنى قولغا چۈشۈردۇق. بۇنى ھەتتا ئالاھىدە قىسىم ۋە مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىمۇ بىلمەيتتى. شۇ كۈنى، بىز تولۇق قوراللانغان 15 ئادەمنىڭ كەنتنىڭ ئارقىسىدىكى چىغىر يول ئارقىلىق تاغدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردۇق، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئېشەكلىك، بەزىلىرى پىيادە ئىدى. ئۇلارنىڭ قورشاۋغا ئېلىنىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئارىمىزدىكى بىر ئافغان سەپدىشىمىز ئۆزىنى بېسىۋالالماي ئالدىراپ ئوق چىقاردى، ئاقىۋەت ئۇلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە قويۇق ئورمانلىققا كىرىپ غايىب بولدى. بىز ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، ئۇلار بىلەن كەسكىن ئېتىشتۇق، ئۇلاردىن بىرنى ئېتىۋەتتۇق. ئۇنىڭ يېنىدىن چىققان ماددىي ئىسپاتقا ئاساسەن، ئۇنى لادىننىڭ خاس مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ بىرى ئىكەن دەپ ھۆكۈم قىلدۇق.

ئىدما يەنە ئۆزىدە نۇرغۇن

لەر بار.

بۇ «كۈچلۈك ماتېرىيال» لار ئىدمانى نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشتۈرگەن. ئەمما، ئۇ بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئافغانىستاندىكى نامراتلارغا ئىئانە قىلىۋەتكەن.

### «ئۇرۇش تۆھپىسى» نى خۇشاللىق بىلەن بايان قىلىش

ئىدما تۇرۇشلۇق ئافغانىستاندىكى قوشۇنىنىڭ نامى «خەنجەر ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن قىسىم» ئىكەن. ئۇ ئۆزى تۇرۇشلۇق قىسىمنى «ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قوللىمىسىمۇ بولىۋېرىدىغان، ھۆكۈمەتنىڭ ماددىي ياردىمىنىڭ كېرىكى يوق»، «تېررورلۇققا قارشى ئادەتتىن تاشقىرى قوشۇن» دەپ كۆككە كۆتۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن توختام ئىمزالاشنى خالىمايمىز، چۈنكى بىز خالىغانچە ھەرىكەتلىنىشنى ئىستەيمىز، چەكلىمىگە ئۇچراشنى خالىمايمىز.»

ئىدما باشقىلارغا «خەنجەر ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن قىسىم» نىڭ «ئۇرۇش تۆھپىلىرى» نى سۆزلەپ بېرىش-

دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنى، شۇنداقلا تېررورچىلارنىڭ ماي باكى ئاپتوموبىلىدىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكا ئارمىيىسى ۋە ش ئا ئە ت نىڭ ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق باش شتابىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىدەك سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلغان.

### مەخپىي سوراقخانا قۇرۇپ، جاۋابكار بولۇپ قېلىش

ئۆزىچە «ئۆز ئالدىغا لادىننى تۇتۇپ، ئافغانىستاننى قۇتقۇزۇش» نى ئويلايدىغان ئىدما ئۆزىنىڭ ئافغانىستاندا تۈرمىگە چۈشۈپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان.

2004 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئافغانىستان خەۋپسىزلىك قىسمى ۋە دۆلەت خەۋپسىزلىك ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ جاسۇسلىرى ئىدمانىڭ كابۇل شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى تۇرالغۇسىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ۋە ئامېرىكا ئارمىيىسىدىن چېكىنگەن 15 ئەسكەرنى، ئافغانىستانلىق ئىككى تەرجى-

ئاخبارات ئۇلانمىسى

## «مۇكاپات ئوۋچىلىرى» نىڭ ئارىسىدا ھەر خىل ئادەملەر بار

ئامېرىكا لادىننى تۇتۇپ بەرگۈچىلەرگە بېرىدىغان مۇكاپات سوممىسىنى 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا ئۆستۈرگەندىن كېيىن، ئامېرىكىلىق نۇرغۇن «مۇكاپات ئوۋچىلىرى» بەس - بەستە ئافغانىستانغا بېرىپ، لادىن ۋە تالىبان رەھبىرى ئۆمەر قاتارلىقلارنى تۇتۇپ، كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشمەكچى بولغان.

ئەمما، ئۇلار ئافغانىستانغا كەلگەندىن كېيىن، تېررورچىلارنى تۇتۇشنىڭ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى، بولۇپمۇ «بازا» تەشكىلاتى كۆپ ھەرىكەتلىنىدىغان ئافغانىستان چېگرا رايونىنىڭ تەبىئىي شارائىتىنىڭ ئىنتايىن ناچارلىقىنى، ئازراقلا بىخەستەلىك قىلسا ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغانلىقىنى بايقىغان.

ئىدماغا ئوخشاش ئىلگىرى ئۈچ قېتىم جەنۇبقا بېرىپ ئۇرۇشقا قاتناشقان قىسمىدىن چېكىنگەن ئامېرىكىلىق پېشقەدەم ئەسكەر مولىكسمۇ «مۇكاپات ئوۋچىسى». ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «لادىننىڭ بىر جايدا تۇرۇش ۋاقتى 12 سائەتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، شۇڭا، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمەت پرىنسىپى بويىچە بولغاندا، لادىننى مەڭگۈ تۇتقىلى بولمايدۇ، پەقەت ‹مۇكاپات ئوۋچىسى› نىڭلا لادىننى تۇتۇش ئېھتىماللىقى بار.»

مولىكسنىڭ دېيىشىچە، كۆپ تەربىيە كۆرگەن «مۇكاپات ئوۋچىلىرى» مۇنتىزىم ئارمىيىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەن. ئۇلار ھۆكۈمەت ئاپپاراتىنىڭ تەستىقىسىز ھەرىكەتلىنەلەيدىكەن، ئۆلۈمدىن قورقمايدىكەن، مەنسىپى ئۆستۈرۈلۈش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئويلاشمايدىكەن. شۇڭا، بارغانسېرى كۆپ ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرى قىسمىدىن چېكىنگەندىن كېيىن بۇ يولغا ماڭغان.

ئىدما بىلەن تونۇشقىنىغا 10 نەچچە يىل بولغان مولىكسنىڭ دېيىشىچە، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى، ئىدما تېررورلۇققا قارشى بىر ماھارەت مەكتىپى قۇرغان. ئىدمانىڭ دادىسىمۇ ئاشكارىلاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئوغلۇم تاموژنىدا تېررورلۇققا قارشى ماھارەت مەشىقىگە قاتناشقان، شۇڭا، ئۇنىڭ ئافغانىستانغا بېرىپ لادىننى تۇتالايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.»







ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى، «تەنتەربىيە سارىيى» كوچىسى 33 - نومۇر. تېلېفون: مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ئىشخانىسى 2641721؛ تەھرىر بۆلۈمى 2620278؛ مۇخبىرلار بۆلۈمى 2629299؛ فاكس 2629514؛ پوچتا نومۇرى: 830001. «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى